قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# سەت ئۆردەك چۆجىسى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# سەت ئۆردەك چۈجىسى



ئەسلىي ئاپتورى: ئاندېرسون [ دانىيە ]
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: دا مياۋ
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى



1. ئانا ئۆردەك ئوت-چۆپ دۆۋىسىدە تۇخۇم بېسىپ يېتىۋېرىپ، بەك چارچاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ تۇخۇم بېسىۋاتقىنىغا خېلى كۈن بولغان ئىكەن.

2. چۆجىلەر ئاخىر تۇخۇم شاكىلى-
نى يېرىپ چىقىشقا باشلاپتۇ.



3. ئەمما ئەڭ چوڭ بىر تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكى چۈجە چىقماپتۇ. ئانا ئۆردەك: «ئەستا، مېنى تىت-تىت قىلماي تېزرەك چىقساڭچۇ!» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قېرى ئۆردەك: «ئۆردەك هامما، ئۇ تۇخۇنىڭ تۇخۇمى ئەمەستۇ؟» دەپتۇ.



4. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا تۇخۇم پوككىدە يېرىلىپ، ئىچىدىن ھەم يوغان، ھەم سەت بىر چۆجە چىقىپتۇ. ئانا ئۆردەك ھەيران بولغان ھالدا: «بۇ يوغان چۆجە توخۇغىمۇ ئوخشىمايۋاتىدۇ، ئۇنى سۇغا چۈشۈرۈپ باقساملا بىلىمەن» دەپتۇ.



5. ئانا ئۆردەك بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆلچەك بويىغا كەپتۇ. ئۆردەك چۈجىلىرى كەينى-كەينىدىن سۇغا چۈشۈپتۇ. يوغان چۈجىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ سۇغا چۈشۈپتۇ. ئانا ئۆردەك: «ئۇنىڭ سۇدا ئەپچىللىك بىلەن ئۈزۈشلىرىگە قارىغاندا، راستتىنلا مېنىڭ بالام ئوخشايدۇ» دەپتۇ.





6. ئانا ئۆردەك چۆجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قىرغاققا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا بىر مېكىيان كېلىپ: «ئۆردەك هامما، چۆجىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بەك چىرايلىقكەن، بىراق ئاۋۇ يوغان چۆجە بەك سەتكەن» دەپتۇ. ئانا ئۆردەك: «ئۇ تۇخۇم ئىچىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالغانىدى ، ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىپ قالار» دەپتۇ.

7. بىراق، چەتتە قاراپ تۇرغان مېكىيان ۋە ئۆردەكلەر يوغان چۆجىنىڭ سەت تەلەتىگە قاراپ، ئۇنى زاڭلىق قىلىشىپتۇ. قېرىنداشلىرىمۇ ئۇنى ئارىغا ئالماپتۇ.





8. ھەممەيلەن بۇ سەت ئۆردەك چۈجىسىدىن بىزار بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بوپتۇ. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىشىنىمۇ بىلەلمەپتۇ.



9. ئۇ ئۆزى يالغۇز ماڭا-ماڭا، ئىختىيارسىز بىر توپ ياۋا ئۆردەك تۇرىدىغان سازلىققا كېلىپ قاپتۇ. ياۋا ئۆردەكلەر ھەيران بولغان ھالدا: «سەن كىم؟ ئەجەبمۇ سەتكەنسەن!» دېيىشىپتۇ. سەت ئۆردەك چۈجىسى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ.

10. بىر ياۋا ئۆردەك ئۇچۇپ كېلىپ، سەت ئۆردەك چۈجىسىگە: «سەن سەت بولساڭمۇ خېلى ئوماق ئىكەنسەن، ئىككىمىز باشقا يەرگە بېرىپ ئوينايلى» دەپتۇ.





11. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، «پاڭ» قىلغان مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ بۇ ياۋا ئۆردەك يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. ئوۋ ئىتى دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ.



12. ئوۋ ئىتى سەت ئۆردەك چۆجىسىنى كۆرۈپ ئۇنى پۇراپ، يالاشقا باشلاپتۇ. سەت ئۆردەك چۆجىسى «ئاپلا، بۇ ئىت مېنى چىشلىۋالمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەپتۇ.



13. ئوۋ ئىتى ئۇنى چىشلىمەي، كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قاپتۇ. سەت ئۆردەك چۈجىسى خورسىنغان هالدا: «هەي، سەتلىكىمدىن ئىتمۇ مېنى چىشلەشنى خالىمىدى» دەپتۇ.

14. ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا سازلىقتىن چىقىپ،بىر ياغاچ كەپىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە تۇنىمەكچى ئىكەن. بۇ چاغدا ئۆيدىن بىر موماي چىقىپ: «سەن تۇخۇم تۇغالامسەن؟» دەپ سوراپتۇ. سەت ئۆردەك چۈجىسى بېشىنى چايقاپتۇ. موماي ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.





15. مۈشۈك ئۇنىڭدىن: «سەن مىياڭلاشنى بىلەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ. سەت ئۆردەك چۈجىسى بېشىنى چايقاپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭغا: «سەن تۇخۇم تۇغالمايدىكەنسەن، مىياڭلاشنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن، بۇ يەردىن تېز كەت!» دەپتۇ.

16. بىچارە سەت ئۆردەك چۆجىسى نەگىمۇ بارار؟ كۈنلەر ئۆتۈپ، قىش پەسلى يېتىپ كەپتۇ. سەت ئۆردەك چۆجىسى سوغۇقتا غال-غال تىترەپتۇ.



17. قىش ئۆتۈپ، باھار كەپتۇ. باھار پەسلى نېمىدېگەن گۈزەل! ياپيېشىل ئوت-
چۆپلەر، كۆپكۆك كۆل سۈيى، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللەر، بەس-بەستە سايرا-
ۋاتقان بۇلبۇللار. . . سەت ئۆردەك چۆجىسى خۇشال بولغان ھالدا قاناتلىرىنى قېقىپتە-
كەن، ئىختىيارسىز كۆككە ئۆرلەپتۇ.





18. ئۇ ئۇچا-ئۇچا بىر يەرگە كەلگەندە، يىراقتىن بىر نەچچە چىرايلىق ئاققۇنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەت ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغۇسى كەپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ سەتلىكىنى ئويلاپ يالتىيىپ قاپتۇ.

19. ئۇ يالغۇز ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، يەردىكى تولىمۇ گۈزەل بىر باغچىنى كۆرۈپ قاپتۇ. باغچىدىكى سۇ شۇنداق سۈزۈك ئىكەن. سەت ئۆردەك چۈجىسى: «ئوھوي، سۇغا چۆمۈلمىگىنىمگە خېلى بوپتۇ، تازا بىر ئۈزۈۋالايچۇ» دەپتۇ-دە، سۇغا چۈشۈپتۇ.





20. كۆلدە چىرايلىق ئاققۇدىن بىرنەچچىسى ئۈزۈپ يۈرگەن ئىكەن، سەت ئۆردەك چۈجىسى ئۇلارنى كۆرۈپ: «مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۈزگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن سەتلىكى ئېسىگە كېلىپ بېشىنى تۆۋەن سالغان ئىكەن، سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. «پاھ، بۇ بويۇنلىرى ئۇزۇن، پەيلىرى ئاپئاق چىرايلىق ئاققۇغۇ؟. . .»

21. ئۇ قىرغاقتىكى بالىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭلار، ئاۋۇ ئاققۇ يېقىندىن كەپتۇ، ئۇ ھەم كىچىك، ھەم چىرايلىق ئىكەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ كېتىپتۇ.



22. ئۇ چەكسىز شادلىنىپتۇ، ئۇ ئەمدى باشقىلار بىزار بولىدىغان سەت ئۆردەك
چۈجىسى ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئازراقمۇ مەغرۇرلانماي، ئاستا-ئاستا چىرايلىق ھەمراھلىرى
تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپتۇ.



مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-813-5

总定价:12.00 元 每册价:2.00 元(维)